□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

### شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى

# يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر پاكىتنى، ھەقىقىي ئەھۋاللارنى يوققا چىقىرالمايدۇ

يېقىندا، پومپېئو ئېقىمدىكىلەر شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ھەدەپ بۆلگۈنچىلىك سىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانلىرىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بۇنىڭدىن كۈچلۈك غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ!

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي مۇساپىدە، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ساھەسى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسى ۋە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈردى، شىنجاڭدىكى زور بىر تۈركۈم يازغۇچىلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق، خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىگەن بەختلىك تۇرمۇشىنى خاتىرىلەپ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پۈتۈپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈردى، راۋاجلاندۇردى. نۆۋەتتە، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭلىق ئەزاسى 240تىن، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 2400دىن ئاشىدۇ، بۇ يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ئىللىق نۇرى ۋە مېھرى ـ شەپقىتىگە چۆمۈلۈپ ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار. جۇڭگو ھۆكۈمىتى قانۇن بويىچە مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغدىدى، ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇردى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈردى. نۆۋەتتە شىنجاڭدا «تارىم»، «شۇغلا»، «چولپانلار»، «ئەدەبىي تەرجىمەلەر» قاتارلىق مىللىي يېزىقتىكى ئون نەچچە ئەدەبىي ژۇرنال بار بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئون نەچچە نەشرىيات ئالتە خىل تىلدا تۈرلۈك كىتابلارنى نەشر قىلىدۇ. 2011 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭدا «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدىكى ئەسەرلەر بىلەن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلىش قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلۇپ، ھەر يىلى ھەر خىل تىللاردىكى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى؛ جۇڭگو شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت تۇلپار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىشلىرى مىسلىسىز گۈللىنىپ راۋاجلاندى.

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ھەر مىللەت يازغۇچىلار كىشىلەرگە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىز چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، بىز شىنجاڭ تۇپرىقىدا يۈزبەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، پەخرلەنگەن ھالدا قولىمىزدىكى قەلەم بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقانلىقى، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋاللارنى پۈتۈپ چىقتۇق، ئەكس ئەتتۈردۇق. «باھار يامغۇرى — نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھېكايىسى»، «ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش — نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ شىنجاڭ خاتىرىسى»، «بەخت گۈلى تارىمدا ئېچىلدى»، «بوغدادىن كەلگەن خەت» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي كىتابلار دەل ئوخشىمىغان نۇقتىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان بەختلىك تۇرمۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈردى.

بىز شىنجاڭلىق يازغۇچىلار كەسكىن قىلىپ پومپېئوغا شۇنداق ئېيتىمىزكى: سېنىڭ شىنجاڭغا بوھتان چاپلاش، قارا چاپلاشتەك قەبىھ قىلمىشىڭ ۋە رەزىل ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىڭ ھەقىقەتەن ناچارلىق، ئىپلاسلىق، ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ. مەيلى سەن قانداق يالغان سۆزلە، قانداق ئالدامچىلىق قىل، ھەق ـ ناھەقنى قانداق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىل، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوققا چىقىرالمايسەن. پاكىتقا كۆز يۇمىدىغان، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان، قەستەن بۇرمىلايدىغان ھەر قانداق سۈيقەست شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىغا كاشىلا قىلالمايدۇ!

# بىزنىڭ پۇقرالىرىمىز ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتىدۇ

□بۈگۈر ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم تۇرسۇنجان ئەبەيدۇللا

يېقىندا، پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان ساختا ئۇچۇرلارنى ئۆزلۈكسىز تارقاتتى، ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇش، ئۇنىڭ يامان سۈيقەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

بۈگۈر ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالدى، ئىقتىساد ساغلام تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى، مۇقىملىق پايدىسى ئۆزلۈكسىز قويۇپ بېرىلدى، ھەر مىللەت ئامما ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئىككى نامرات كەنت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2016 ـ يىلى، 2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، 62 كەنتتە «بەشنى راۋانلاشتۇرۇش، يەتتە بولۇش»نىڭ ھەممىسى ئۆلچەمگە يەتتى؛ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 5331 ئائىلىلىك 14 مىڭ 539 نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسى 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نامراتلىق «قالپىقى»نى ئېلىۋەتتى، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى نۆۋەتلەپ نۆلگە چۈشتى. 2020 ـ يىلى نامرات ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 14 مىڭ 168 يۈەنگە يېتىپ، 2016 ـ يىلىدىكىدىن 2.2 ھەسسە ئاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۈگۈر ناھىيەسى جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ پايدىسىنى ئۆزلۈكسىز قويۇپ بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولدى، مۆلچەرلىنىشچە، 2020 ـ يىلى ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 244 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %6.7 ئاشقان؛ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى بەش يىلدا جەمئىي 7 مىليارد 501 مىليون يۈەنگە يەتكەن؛ ئورۇندالغان ئاممىۋى مالىيە خامچوت كىرىمى 956 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %6.7 ئاشقان؛ شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 36 مىڭ 87 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7.3 ئاشقان؛ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 18 مىڭ 997 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1000 يۈەندىن ئارتۇق ئاشقان؛ پۈتۈن بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 1 مىليون 124 مىڭ ئادەم قېتىمغا، كىرىم 227 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %76.27 ئاشقان. خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلاندى، جەمئىي 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېڭىدىن 28 مەكتەپ بىناسى، ئۆلچەملىك كاۋچۇكلۇق تەنھەرىكەت مەيدانىدىن سەككىزى سېلىندى، جەمئىي 77 مىليون 350 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ مائارىپ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئەلا دەرىجە بىلەن ئۆتتى. «ئالدى بىلەن دىياگنوز قويۇپ داۋالاپ ئاندىن ھەق تۆلەش، بىر كۆزنەكتە راسچوت قىلىش» مۇلازىمىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئائىلە دوختۇرلىرىنىڭ كېلىشىم ئىمزالاش نىسبىتى %87.3كە، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى تاماملاش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ «بەشتە كاپالەتلىك» ياشانغانلارنىڭ بەخت چوڭ قورۇسىغا كۆچۈپ كىرىش ئارزۇسى بارلارنىڭ مەركەزلىك بېقىلىش نىسبىتى %100كە يەتتى، پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى.

جەمئىيەت مۇقىم، ئىناق، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك بولۇشتەك پاكىت ئالدىدا، پومپېئونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى ئۆز ـ ئۆزىدىن بىتچىت بولىدۇ.

# پومپېئونىڭ سۈيقەستى مۇقەررەركى ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□شىنجاڭ سەنئەت يۇرتىنىڭ كادىرى ئىلھام مەمەت

پومپېئو كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدە نۇرغۇن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەرنى تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سىلىشقا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى، بۇ تامامەن چوتنى خاتا سوققانلىق، ئۇنىڭ سۈيقەستى مۇقەررەركى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

مەن گۈزەل ئۈرۈمچىدە تۇغۇلدۇم، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىسى، سىنارىيىستى ۋە رېژىسسورى. 2008 ـ يىلى مەن بەختلىك ھالدا جۇڭگو ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، شىنجاڭ ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن ـ تېخنىكا غوللۇق ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، بېيجىڭ ئۇسسۇل شۆيۈەنىنىڭ سىنارىستلىق ۋە رېژىسسورلۇق فاكۇلتېتى، شاڭخەي تىياتىر شۆيۈەنىنىڭ رېژىسسورلۇق فاكۇلتېتىدا تۆت يىللىق بىلىم ئاشۇرۇپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلىشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن سەنئەت خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان شىنجاڭدا يۈزبەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، تۈرلۈك جەمئىيەت ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ھېس قىلدىم. بىر سىنارىست ۋە رېژىسسور بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى پۈتۈن دۇنيادىكى تاماشىبىنلارغا ئېيتىپ بېرىپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى ئۇسسۇلۇم ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ناخشام ئارقىلىق كۈيلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھېسسىياتىنى سەنئەت ئەسەرلىرىم ئارقىلىق نامايان قىلىمەن.

2019 ـ يىلى، مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ سەنئەت تۈردىكى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ئۇسسۇل ئۆگەتتىم، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى، دەرستىن بۇرۇن ۋە دەرستىن كېيىن تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئەستايىدىل مەشىق قىلدى. ئويۇن قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇل ئۆگىنىش ئارقىلىق نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى، ساپايىمىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، دېيىشتى.

پومپېئو تارقاتقان ھەر خىل يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر، بىمەنە سەپسەتىلەر مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ!

# پومپېئو بىزنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ

□شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كادىرى نەجمىدىن نەسىردىن

يېقىندا، پومپېئو ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا «ئەسىر يالغان ـ ياۋىداق سۆزى»نى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار بەردى. پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىم.

مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يولغا قويغان تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن نەپ ئالغۇچى. ئەينى يىلى دادام ئۆلۈپ كەتكەندە چوڭ ئاچام ئالتە ياشتا، ئىككىنچى ئاچام ئۈچ ياشتا، مەن تېخى تۇغۇلمىغانىدىم. ئانام ناھايىتى زور تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەندە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئائىلىمىزگە غەمخورلۇق قىلدى ۋە ئىللىقلىق يەتكۈزدى. ئەينى چاغدا، ئائىلىمىز ھەر يىلى تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولاتتۇق، ئۈچ بالا باشلانغۇچ مەكتەپتىن داشۆنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش ياردەم تولۇقلىمىسى بىلەن ئوقۇدۇق. مەن تەلىيىمگە ئىچكىرى رايوندىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مائارىپتىن ھەقسىز بەھرىمەن بولدۇم. چوڭ ئاچام سىياسەتتىن تېخىمۇ ياخشى بەھرىمەن بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو شياڭگاڭ، گېرمانىيە بېرلىنغا بېرىپ ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇردى. ھازىر ئاچا ـ ئىنى ئۈچەيلەن توي قىلدۇق ھەم ئۆز ساھەيىمىزدە ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى، باي ـ قۇدرەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى قوشۇۋاتىمىز.

شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتى ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ھەممە كىشىگە ئايان. پومپېئو، سەندىن سوراپ باقاي، سېنىڭ ئۇ بىمەنە سەپسەتىلىرىڭ قەيەردىن كەلگەن؟ سەن شىنجاڭغا كېلىپ باققانمۇ؟ سەن بىزنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى كۆرۈشنى خالىمايسەن. سېنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىڭ پاكىت ئالدىدا چوقۇم ئۆز ـ ئۆزىدىن بىتچىت بولىدۇ.

# پومپېئو، سەن كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىمە

□خوتەن ناھىيەسى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى تۇرسۇننىسا ئەلى

پومپېئو رول ئېلىش ماھارىتى ئىنتايىن ناچار، تاماشىبىنلارنىڭ نەپرىتىگە قالغان بىر جۆيرەندە، ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلىرى پاكىت تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن كاچاتلاندى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بىزنى ئەزەلدىن ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلىمىدى، تەسىس قىلىنغان كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش دەرسلىرى بىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، كەلگۈسىدە ئوڭۇشلۇق خىزمەت تېپىپ، تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىز ئۈچۈندۇر.

مەكتەپنىڭ ماھارەت دەرسلىرىدىن چارۋا باقمىچىلىقى، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش، كومپيۇتېر مەشغۇلاتى، تىككۈچىلىك تېخنىكىسى، سودا تىجارىتى، كىيىم لايىھەلەش، مېھمانخانا باشقۇرۇش قاتارلىقلار بار بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ياخشى كۆرىدىغان كەسىپلەرنى تاللايدۇ. مەن گۈزەللىكنى ئىنتايىن سۆيىمەن، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىمەن، چىرايلىق ياسىنىپ يۈرسەم دەيمەن، شۇڭا مەن تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى تاللىدىم، كېيىن ئۆزۈمگە چىرايلىق كىيىملەرنى تىكىشنى، يەنە مۇشۇ ھۈنىرىم ئارقىلىق پۇل تېپىپ ئائىلەمنى بېقىشنى ئويلىدىم.

تىككۈچىلىك تېخنىكا سىنىپىدا نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي مەشىق مەشغۇلات دەرسى ئايرىم ـ ئايرىم قانات يايدۇرۇلدى، بىز تۈز تىكىش، بېسىپ تىكىش، ئىزما تورلاش، تۈگمە قاداش، يۈرۈشلۈك كىيىم تىكىش، جىيەك تۇتۇش قاتارلىق نەزەرىيە دەرسلىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاندىن ئەمەلىي مەشغۇلات مەشىقىنى باشلىدۇق. ئەمەلىي مەشىق مەشغۇلات دەرسىدە، دەسلەپتە پۇت ـ قولۇم كەلمەي، ھېچنېمىنى بىلەلمىگەنىدىم. مۇئەللىم تاكى بىز ئۆگىنىپ ئىگىلەپ بولغۇچە بىزگە قولمۇقول ئۆگەتتى.

تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن بىر كىيىم ـ كېچەك كارخانىسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، شىركەت بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىدىم. مەن ئۆزۈم پىششىق بىلىدىغان تىككۈچىلىك تېخنىكامغا تايىنىپ، سېخ باشقۇرغۇچى خادىمى بولدۇم، ئايلىق مائاشىم 4000 ـ 5000 يۈەن بولدى. ھازىر، مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز. پومپېئو، سەن ئەمدى كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىمە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)